# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا بىزگە سەككىز رەكەت ۋە ۋىتىر ئوقۇپ بەردى، ئەتىسى شۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ مەسجىتتە يىغىلىپ، سۈبھى يۇرىغانغا قەدەر مەسچىتتە بولدۇق

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا بىزگە سەككىز رەكەت ۋە ۋىتىر ئوقۇپ بەردى، ئەتىسى شۇ پەيتتە رەسۇلۇللاھنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ مەسجىتتە يىغىلىپ، تاڭ يۇرىغانغا قەدەر مەسچىتتە بولدۇق، بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى رەسۇلۇللاھ! چىقىپ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشلىرىنى كۈتكەن ئىدۇق،- دېگىنىمىزدە، رەسۇلۇللاھ: «سىلەرگە ۋىتىرنىڭ پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم» دېدى

هەسەن(هەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا هەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى خۇزەيمە"سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

هەدىسنىڭ مەنىسى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاندا بىزگە سەككىز رەكەت نەپلە ناماز ۋە ۋىتىر ئوقۇپ بەردى»، يەنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا رامىزاندا مەسچىتتە سەككىز رەكەت ۋە ۋىتىر نامىزى ئوقۇپ بەردى. «ئەتىسى كېچىدە شۇ ۋاقىتتا مەسچىتتە جۇغلاشتۇق»، يەنى: ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆتكەن كېچىگە ئوخشاش چىقىپ ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ،-دەپ ئويلاپ مەسچىتكە ھازىر بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىپ بىزگە كېچە نامىزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدۇق، دېگەن. «بىز تاڭ يورىغۇچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىقامدىكىن دەپ مەسچىتتە تۇردۇق»، يەنى: ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسچىتتە تاڭ يورۇغىچە كۈتۈشتى. «بىز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىردۇق»، يەنى: ناماز ئوقۇپ بېرىشكە چىقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كىردۇق. «ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىنىڭ چىقىپ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشلىرىنى ئارزۇ قىلدۇق» دېدۇق، يەنى: ئۆتكەن كېچىدەك چىقىپ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلدۇق. رەسۇلۇللاھ: سىلەرگە ۋىتىرنىڭ پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇم،- دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقماسلىقىنى ۋىتىر پەرز بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بايان قىلدى، يەنە بىر رىۋايەتتە: «سىلەرگە ۋىتىرنىڭ پەرز بولۇپ قىلىشىدىن قورقتۇم» دېگەن، يەنە بىرىدە: «سىلەرگە كېچە نامىزىنىڭ پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇم» دەپ كەلگەن، مۇشۇ سەۋەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىشتىن چەكلەپ قويغان، بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە كۆيۈنگىنى ۋە رەھمەت قىلغىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى، سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر» تەۋبە سۈرىسى: 128-ئايەت، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇدى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدى، تاڭ يورىغاندا كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى دېيىشىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر يىغىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئۇقۇشتى، ئۈچىنچى كېچە بولغاندا مەسچىتتە جامائەت كۆپ بولۇپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقتى، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇدى، تۆتىنچى كېچە بولغاندا مەسچىتكە جامائەت سىغمىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىغا چىقتى، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە يۈزلىنىپ، تەشەھھۇد ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ مەسچىتكە جۇغلاشقىنىڭلارنى

بىلىمەن، لېكىن مەن سىلەرگە بۇ نامازنىڭ پەرز بولۇپ قىلىپ، سىلەرنىڭ ئۇنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىدىم» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11264